جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن

دۆلەتنىڭ نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانىنى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا بۈگۈندىن كېيىنكى بىرقەدەر ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالى. نوپۇسنىڭ قېرىلىشى ئىقتىسادىي ئائىلىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى، جەمئىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ تەرەپلىرى، ھەتتا دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى ۋە خەلقئارا رىقابەت كۈچىنىڭ ھەممىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىرگە ئىگە بولۇپ، خىرىس بىلەن پۇرسەت تەڭ مەۋجۇت.

«يىرىك پىلان»دا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر كاپالىتى، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى بويىچە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاققىچە ئەسقاتىدىغان تۈزۈم رامكىسى بەرپا قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدىغان مۇھىم، زور سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش، مادارىغا بېقىش، مۇۋاپىق بولۇش، ئىگىلىك يارىتىش، ئېچىۋېتىش ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ جۇڭگوچە يولىنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

«يىرىك پىلان»دا نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانى، يەنى نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇشنىڭ تۈزۈم ئاساسىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، بايلىق زاپىسىنى كۆنسېرى تولۇقلاپ، ئادەم كۈچى كاپىتالىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا تىرەكنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنى مول، ئەلا سۈپەتلىك، جەمئىيەت مۇھىتىنى ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان، دوستانە قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى باشتىن ـ ئاخىر نوپۇسنىڭ قېرىلىشىش مۇساپىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتنى ئوڭۇشلۇق قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. 2022 ـ يىلىغا بارغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش تۈزۈم رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلىدۇ؛ 2035 ـ يىلغا بارغاندا، نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تېخىمۇ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولىدۇ؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا بارغاندا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى پىشىپ يېتىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ.

«يىرىك پىلان»دا نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ كونكرېت خىزمەت ۋەزىپىلىرى بەش جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

بىرىنچىدىن، نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى جەمئىيەت بايلىق زاپىسىنى پۇختىلاش. ئومۇمىي مىقدارنى كېڭەيتىش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. خەلق كىرىمنى تەقسىملەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ھۆكۈمەت، كارخانا، ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات ئەندىزىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، كۈتۈنۈش بايلىقى زاپىسىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئاشۇرۇش كېرەك. تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل جەمئىيەت كاپالىتى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ بەخت ـ سائادەت سەۋىيەسىنى سىجىل ئاشۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، نوپۇسنىڭ قېرىلىشىش ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئەمگەك كۈچى ئۈنۈملۈك تەمىناتىنى ياخشىلاش. تۇغۇلغان نوپۇسنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ياشانغانلار ئۆگىنەلەيدىغان بولۇشتەك ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىز ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ـ پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ۋە تېخىمۇ تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇشتىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى يېتەرلىك، ساپاسى يۇقىرى بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى سۈپەتلىك بولغان ياشانغانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە مەھسۇلات تەمىناتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش. ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ساغلاملىق تەربىيەسى، ئالدىنى ئېلىش ـ ساقلىق ساقلاش، كېسەلگە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ـ پەرۋىش قىلىش، ئۇزاق مۇددەت ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، خاتىرجەم داۋالىنىش ـ كۈتۈنۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال، ئۈزلۈكسىز بولغان ياشانغانلار ساغلاملىق مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئائىلىنى ئاساس قىلىش، مەھەللىنى تايانچ قىلىش، ئاپپاراتنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش، داۋالاش بىلەن كۈتۈنۈشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۆپ يول، كۆپ ساھە ئارقىلىق ياشانغانلارغا ماس كېلىدىغان مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت تەمىناتىنى كېڭەيتىپ، مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ئىستراتېگىيەلىك تىرىكى قىلىپ، خەلق ئىگىلىكى كەسپ سىستېمىسىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. ياشانغانلار مۇلازىمىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىلىشىش، ئۇچۇرلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ياشانغانلار ساغلاملىقى پەن ـ تېخنىكا تىرىكى سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىدىغان تېخنىكىلارنى تەتقىق قىلىش ـ ئېچىش ۋە قوللىنىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ياشانغانلارنى كۆيۈش، ياشانغانلارغا ۋاپادار بولۇش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتەك جەمئىيەت مۇھىتى بەرپا قىلىش. نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قانۇنچىللىق مۇھىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. ئائىلە قوللاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ياشانغانلارغا دوستانە بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، ياشانغانلار، ئائىلە، جەمئىيەت، ھۆكۈمەت ئورتاق قاتنىشىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

«يىرىك پىلان»دا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيەنىڭ نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ئۆزى تۇتۇش، باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يىرىك پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. خەلقئارالىق ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»دىكى ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى سىياسەت سۆھبىتى ۋە تۈرلەرنى جىپسىلاشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئالاھىدىلىككە ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە رايونلارنى تاللاپ، نوپۇسنىڭ قېرىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىدە ئۇنىۋېرسال يېڭىلىق يارىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش كېرەك. خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە باھالاش، جاۋابكارلىققا تارتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يىرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يىرىك پىلاننىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوبوروتنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرتكە بولۇپ، ئىستېمال مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، سودىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكى ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئوبوروتنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ سودا ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىرنى تۈزدى، بۇ ئاساسلىقى ئوبوروتنىڭ يېڭى كەسپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئەنئەنىۋى ئوبوروت كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، سودا پىيادىلەر كوچىسىنىڭ ئىستېمال مۇھىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق 20 تۈرلۈك كونكرېت پىكىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرمىللەت خەلق ئامما ئىستېمال ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىنجاڭ يەر تەۋرەش كۆپ يۈز بېرىدىغان، ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىدىغان رايون، بۇ يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش خىزمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاپەتتىن بۇرۇن مۇداپىئەلىنىش ۋە جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يەر تەۋرەش ئاپىتىگە يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەسئۇلىيەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۇچۇر يوللاشنى كۈچەيتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش ئىسلاھاتىدىكى تەدبىرلەرنى كۆپەيتىش، كېڭەيتىش، ئۆرنەك ئېلىش خىزمىتىنى ھەرقايسى جايلارنىڭ نۇقتىلىق خىزمىتىگە كىرگۈزۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆپەيتىش، كېڭەيتىش، ئۆرنەك ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار خىزمەت ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپەيتىش، كېڭەيتىش، ئۆرنەك ئېلىش خىزمىتىنى پائال ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ياخشىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاتچىلىق كەسپىنى زورايتىش، كۈچەيتىشنىڭ شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ بېيىشىغا كۈچ قوشۇپلا قالماي، يەنە شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ يېڭى كەسپ ھالىتىنى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشۇپ، مەدەنىيەت، ساياھەتچىلىكنىڭ ئىجادىي يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئاتچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئاتچىلىق كەسپىنى زامانىۋى ئاتچىلىق كەسپىگە ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى ئاساسىي لىنىيە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بازارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاتچىلىق كەسپىنىڭ كەسپ سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى، تىجارەت سىستېمىسى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئاتچىلىق كەسپى ئىقتىسادىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت ـ ساياھەت، جىددىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق سىستېمىلاردا لېكسىيە سۆزلىدى

ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يۈنمېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، مەدەنىيەت ـ ساياھەت، جىددىي ئىشلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى بەردى.

ئەركىن تۇنىياز «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئومۇمىي نىشانى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى توغرا ئىگىلەش» «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش»تىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىن لېكسىيە سۆزلىدى.

ئەركىن تۇنىياز مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىشى، ئاڭلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى كېرەك. ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى زورايتىشى كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى ياخشى ھەل قىلىشى كېرەك. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى بىلەن كەسپنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى قولدا تۇتۇشى، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش ئارقىلىق كەسپنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنىدا لېكسىيە سۆزلىدى

ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **لى نانا** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنى، ھەرقايسى تۈرۈشلۇق (ئەۋەتىلگەن) ئاپپاراتلار، ئاپتونوم رايون باشقۇرۇشىدىكى ئالىي مەكتەپلەر، دۆلەت كارخانىلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئاپپاراتلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى بەردى.

لېكسىيە سۆزلەش يىغىنىدا، ياڭ شىن «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئومۇمىي نىشانى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى توغرا ئىگىلەش» «پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» قاتارلىق جەھەتلەردە سىستېمىلىق لېكسىيە سۆزلىدى.

ياڭ شىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت، ۋەزىپىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، تولۇق قاپلانغان تۈزۈم ئىجراسى، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

چوڭقۇر سىستېمىلىق يېشىپ چۈشەندۈرۈش ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ جاۋاب بېرىش

—— ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلارغا بېرىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمەكلىرى كارخانا، مەكتەپ، مەھەللە، يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنى قوزغاپ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىرى خې گوجېڭ كورلا شەھىرىدە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى كادىرلار، ئاممىغا لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى بەردى. خې گوجېڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق باش تېمىنى چۆرىدەپ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى سىستېمىلىق ئىزاھلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئومۇمىي نىشان ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى چوڭقۇر يېشىپ چۈشەندۈردى. «بىز كۆك ئاسماننى، سۈزۈك سۇنى، پاكىز تۇپراقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گۈزەل بايىنغولىن ئوبلاستى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز» دېدى بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جاڭ گۇاڭبىن.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە لېكسىيە سۆزلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىدىكىلەر ئاقسۇ شەھىرىنىڭ لەڭگەر كوچىسى مەرھابا مەھەللىسىگە كېلىپ، مەھەللىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەم مەھەللە كادىرلىرى، ئائىلىلەر بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سەنئەت داشۆسى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى سۈن شيۇلىڭ قانداق قىلىپ 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنى مەھەللە خىزمىتىگە تەتبىقلاش، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ئاساسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى يىغىنى تېلېۋىزىيە يىغىنى شەكلىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە(شەھەر)لىرىدىكى شۆبە يىغىن مەيدانلىرىغىچە ئېچىلدى. سۈن شيۇلىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چۆرىدەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىقلارنى چۈشەندۈردى. «مەھەللە خۇددى چوڭ ئائىلىگە ئوخشايدۇ، مەن مەھەللىنى ئائىلىلەرنىڭ ئورتاق گۈزەل يۇرت ـ ماكانى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ چىقىرىمەن» دېدى ئاقسۇ شەھىرى لەڭگەر كوچىسى مەرھابا مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى ماينۇر ئەلياز.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىيەت شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەن لياڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشەنچىنى چىڭىتىش، «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ، ئومۇمىي نىشان ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلەردىن تارتىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى قانداق ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرگىچە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزاھلىدى، چوڭقۇر يېشىپ چۈشەندۈردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىدىكىلەر چۆچەك شەھىرىنىڭ شىنجېك كوچىسى غۇلجا مەھەللىسىگە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(ۋىلايەتلىك مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)گە كېلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇردى، سۆھبەتلەشتى. «لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى مەن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ، مېنى 4 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى» دېدى شىنجېك كوچىسى ئورگان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى پاتىمە مەمەت.

(مۇخبىرىمىز شيا چېڭ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق مۇخبىرلار پونكىتىدىن لى لېڭ، تارباغاتاي مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋېن بو، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز خۇ شياۋشياۋ، سۇڭ جۈنفاڭ يازغان)